2020 مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن ئالاھىدە خەۋىرى

# ھەممە بىر نىيەتكە كېلىپ ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى | مۇھىم خەۋەرلەر

# 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى 2 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىككىنچى، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈردى. ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ماسلىشىپ ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇھىم، زور ئىسلاھاتلارنىڭ قانۇنىي ئاساسقا ئىگە بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى؛ يۇقىرى سۈپەتتە قانۇن چىقىرىش ئارقىلىق يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولدى؛ خەلق تۇرمۇشى ساھەسىگە ئائىت قانۇن چىقىرىشنى تېزلەتتى؛ رېۋىزىيە، ئەدلىيە، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش، دۆلەت خەۋپسىزلىكى قاتارلىق ساھەلەرگە ئائىت قانۇن چىقىرىشنى كۈچەيتتى. ئۈچىنچى، قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت بويىچە مۇھىم، زور ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋەزىپىلىرىنى چۆرىدەپ نازارەتچىلىك خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتتى. دىققەتنى مەمۇرىي ھوقۇق، رېۋىزىيە ھوقۇقى، سوت قىلىش ھوقۇقى، تەپتىش قىلىش ھوقۇقىنىڭ قانۇن بويىچە توغرا يۈرگۈزۈلۈشىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، پۇقرالار دائىم غەم قىلىدىغان جىددىي ئىش، قىيىن ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن بارلىق خەلقنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئادىل مەنپەئەتلەندۈردى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە ئىسلاھاتتا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىگە تېخىمۇ ياخشى كۈچ قوشتى. تۆتىنچى، ۋەكىللەرنىڭ قانۇن بويىچە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىنى قوللايدىغان ۋە ئۇنىڭغا مۇلازىمەت قىلىدىغان خىزمەت تۈزۈمى مېخانىزمى قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتتى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى 35 تۈرلۈك كونكرېت تەدبىرنى تۈزدى، ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيە ۋە تەكلىپلىرىنى ئەستايىدىل بېجىرىپ، ۋەكىللەرنىڭ قانۇن چىقىرىش خىزمىتىدىكى رولىنى جارى قىلدۇردى، دائىمىي كومىتېتنىڭ ۋەكىللەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتتى، ۋەكىللەرنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇردى، ۋەكىللەرگە مۇلازىمەت قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتى سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى. بەشىنچى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە چوڭ ۋەزىيىتىگە مۇلازىمەت قىلىشنى چۆرىدەپ، تاشقى ئىشلار خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تاشقى ئىشلار خىزمىتىگە بولغان تەشەببۇسكارلىقى، قارارلىقى، بىرتۇتاش پىلانلاشچانلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. ئالتىنچى، پارتىيە رەھبەرلىكى، خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇشى، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇشنى چىڭ كۆزلەپ، ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى.

لى جەنشۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: دائىمىي كومىتېت خىزمىتىدە يەنە بەزى پەرق ۋە يېتەرسىزلىكلەر مەۋجۇت. بىز ۋەكىللەر ۋە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئاڭلاپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى كۈچەيتىمىز ۋە ياخشىلايمىز.

لى جەنشۇ دوكلاتتا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىغا تىرەك بولىدىغان تۈپ سىياسىي تۈزۈم. باشتىن ـ ئاخىر خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئەمەلىيەت خاسلىقى، دەۋر خاسلىقىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى دۆلەت ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئارقىلىق دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىنى خەلقنىڭ قولىغا چىڭ تۇتقۇزۇش كېرەك.

لى جەنشۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 2020 ـ يىلى، بىزنىڭ پارتىيەمىز خەلقنى يېتەكلەپ بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. دائىمىي كومىتېت جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكى، خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇشى، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىشنى چىڭ كۆزلەپ، «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش، «تۆت ئومۇميۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئالغا سىلجىتىشنى چىڭ كۆزلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىسىنى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى چىڭ كۆزلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش بىلەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، قانۇن بويىچە ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى نەتىجە، يېڭى ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

لى جەنشۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر باسقۇچلۇق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئالتە جەھەتتىن ئىزاھلىدى: ئاساسىي قانۇننى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش؛ مۇھىم ساھەلەرگە ئائىت قانۇن چىقىرىشنى كۈچەيتىش؛ قانۇن بويىچە نازارەتچىلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش؛ ۋەكىللەرنىڭ قانۇن بويىچە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىنى قوللاش؛ تاشقى ئالاقىنى پائال قانات يايدۇرۇش؛ دائىمىي كومىتېتنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش.

ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى جوۋ چياڭ ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىگە ۋاكالىتەن خىزمەت دوكلاتى بەرگەندە مۇنداق دېدى: 2019 ـ يىلى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تىرىشىپ خەلق ئاممىسىغا ھەربىر قانۇن يۈرگۈزۈش دېلوسىدا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ھېس قىلدۇرۇش» نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، چوڭ ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىش، قانۇننى خەلق ئۈچۈن يۈرگۈزۈش، قانۇننى ئادىل يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇردى. ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى 34 مىڭ دېلونى قاراپ چىقىپ ئاياغلاشتۇردى، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى 29 مىليون 22 مىڭ دېلونى قاراپ چىقىپ ئاياغلاشتۇردى، ئىجرا قىلىپ ئاياغلاشتۇردى.

جوۋ چياڭ سەككىز جەھەتتىن 2019 ـ يىللىق ئاساسلىق خىزمەتلەرنى دوكلات قىلدى: بىرىنچى، ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدىن تىنچ ـ ئامان جۇڭگو قۇرۇشقا تۈرتكە بولدۇق؛ ئىككىنچى، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىغا مۇلازىمەت قىلدۇق؛ ئۈچىنچى، قانۇننى خەلق ئۈچۈن يۈرگۈزۈش، قانۇننى ئادىل يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەت ئادىللىقى، ھەققانىيلىقىنى قوغدىدۇق؛ تۆتىنچى، زىددىيەت ـ ماجىرالارنى خەلققە قولاي، يۇقىرى ئۈنۈمدە پەسەيتىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىشقا پائال قاتناشتۇق؛ بەشىنچى، «ئىجرا قىلىش قىيىن بولۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىش» نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، ئىجرا قىلىش خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەدە يۈرۈشۈشىنى ساقلىدۇق؛ ئالتىنچى، قانۇن يۈرگۈزۈش تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە ئاقىل سوت مەھكىمىسى قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قانۇن يۈرگۈزۈشنىڭ سۈپىتى، ئۈنۈمى ۋە ئاممىۋى ئىشەنچلىكلىكىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردۇق؛ يەتتىنچى، ئىنقىلابىيلىشىش، مۇنتىزىملىشىش، كەسپىيلىشىش، كەسپىيلىشىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق سوت مەھكىمىسى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتتۇق؛ سەككىزىنچى، نازارەتنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، خەلق سوت مەھكىمىسى خىزمىتىنى كۈچەيتتۇق ۋە ياخشىلىدۇق.

جوۋ چياڭ مۇنداق دېدى: 2020 ـ يىلى، خەلق سوت مەھكىمىسى خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىسى ـــ كۈچەپ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش بىلەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرتىپنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مۇلازىمەت قىلىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە دەل جايىدا مۇلازىمەت قىلىش؛ كۈچەپ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدىكى تىنچ ـ ئامان جۇڭگو قۇرۇلۇشىغا مۇلازىمەت قىلىش؛ كۈچەپ ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سەۋىيەلىك تەرەققىياتىغا مۇلازىمەت قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش ۋە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، قانۇن يۈرگۈزۈش مۇلازىمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش؛ كۈچەپ خەلق تۇرمۇشى جەھەتتىكى قانۇن يۈرگۈزۈش كاپالىتىنى كۈچەيتىپ، قەتئىي تۈردە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا رايون، جىنس ئايرىمىسى قاتارلىق كەمسىتىشلەرنى قانۇن بويىچە تۈزىتىش، قەتئىي تۈردە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىقلىرىنىڭ ئەمگەك توختام مۇناسىۋىتىنى سەۋەبسىز بىكار قىلىش قىلمىشلىرىنى قانۇن بويىچە تۈزىتىش؛ كۈچەپ سوت قىلىش سىستېمىسى ۋە سوت قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىپ، قانۇن يۈرگۈزۈش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئۇنىۋېرسال يانداش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش؛ كۈچەپ سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان سوت مەھكىمىسى قوشۇنى قۇرۇش.

ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى جاڭ جۈن ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە ۋاكالىتەن خىزمەت دوكلاتى بەرگەندە مۇنداق دېدى: بۇلتۇردىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك نازارەتچىلىكىدە، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، چوڭ ۋەزىيەتكە ئېتىبار بېرىپ، تەرەققىياتنى كۆزلەپ، ئۆزىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، تۈرلۈك تەپتىش قىلىش خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى. دوكلاتتا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تەپتىش قىلىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ «يۇقۇم»غا تاقابىل تۇرۇش جېڭى ئەھۋالى، 2019 ـ يىللىق خىزمەتلەرنى ئەسلەش ۋە كېيىنكى قەدەمدىكى خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى تونۇشتۇرۇلدى.

جاڭ جۈن مۇنۇلارنى دېدى: 2020 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە، تەپتىش ئورگانلىرى جەمئىي 3700دىن ئارتۇق يۇقۇمغا ئالاقىدار جىنايى ئىشلار جىنايەتچىسىنى قولغا ئېلىشنى، 2500دىن ئارتۇق كىشىنى ئەيىبلەشنى تەستىقلىدى، ئالاقىدار ئاممىۋى مەنپەئەت دەۋاسى دېلوسىدىن 2800دىن ئارتۇقنى بېجىردى. 2019 ـ يىلى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى تەپتىش ئورگانلىرى تۈرلۈك دېلودىن جەمئىي 3 مىليون 140 مىڭدىن ئارتۇقنى بېجىردى، بۇ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %9.7 ئۆرلىدى. بىرىنچى، دۆلەت ئىدارە قىلىشقا پائال قاتنىشىپ، ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىگە مۇلازىمەت قىلدى. دۆلەتنىڭ سىياسىي بىخەتەرلىكى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغدىدى، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى قانۇنغا قاتتىق ئەمەل قىلغان ھالدا ئالغا سىلجىتتى، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىشقا پۇختا مۇلازىمەت قىلدى، كارخانىلارنىڭ تىجارىتى، تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئەمەلىي قوللىدى، پائال نەتىجە يارىتىپ يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈردى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتتى، چىن ھېسسىياتى ئارقىلىق ئاممىدىن كەلگەن خەت ـ چەكلەرنىڭ ھەممىسىگە جاۋاب قايتۇرۇش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، مەۋقەنى دېلو بېجىرىشكە قويۇپ، جەمئىيەتنىڭ قانۇنچىللىق قارىشىنى يېتەكلىدى. ئىككىنچى، دەۋر تەرەققىياتىغا يېتىشىپ، ئۇيغۇنلىشىپ، قانۇننى نازارەت قىلىش ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى پۇختا ئادا قىلدى. تىرىشىپ جىنايى ئىشلار تەپتىشلىكىنى ئەلالاشتۇردى، ھەق تەلەپ تەپتىشلىكىنى كۈچەيتتى، مەمۇرىي تەپتىشلىكنى ئەمەلىيلەشتۈردى، ئاممىۋى مەنپەئەت دەۋاسى تەپتىشلىكىنى ياخشى ئىشلىدى. ئۈچىنچى، ئۆز قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، تەپتىشلىك قىلىش بويىچە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى باش ئورۇنغا قويۇپ، تەپتىشلىك كەسپىي قۇرۇلۇشىدا يېڭىلىق يارىتىپ، تەپتىش ئورگانلىرىنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇردى. تۆتىنچى، خەلقنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، تەپتىش قىلىش ھوقۇقىنى ئاشكارا يۈرگۈزدى.

جاڭ جۈن مۇنۇلارنى دېدى: بۇ يىل ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىدىغان يىل، يۇقۇم يېڭى خىرىس ئېلىپ كەلدى، تەپتىش ئورگانلىرى جەزمەن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشى كېرەك. باشتىن ـ ئاخىر پارتىيەنىڭ مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر «ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاش، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش»تا چىڭ تۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر «مۇقىم ئىلگىرىلەش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئۆستۈرۈش»تە چىڭ تۇرۇپ، يۈكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىق، قانۇنچىللىق ئاڭلىقلىقى، تەپتىشلىك ئاڭلىقلىقى ئارقىلىق، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە ئاساسىي قانۇن، قانۇنلاردا يۈكلەنگەن ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

يىغىنغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك ۋەكىل 2956 كىشى، يىغىنغا قاتناشقانلار 2886 كىشى، قاتنىشالمىغانلار 70 كىشى، قاتناشقان ئادەم سانى قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

يىغىنغا يىغىن ھەيئەت رىياسىتىنىڭ دائىمىي رەئىسى، ئىجرائىيە رەئىسى ۋاڭ چېن رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىن ھەيئەت رىياسىتىنىڭ دائىمىي رەئىسلىرى، ئىجرائىيە رەئىسلىرىدىن ساۋ جيەنمىڭ، جاڭ چۈنشيەن، شېن يۆيۆ، جى بىڭشۈەن، ئەركىن ئىمىرباقى، ۋەن ئېشياڭ، چېن جۇ، ۋاڭ دۇڭمىڭ، بەيماچىلىن، دىڭ جۇڭلى، خاۋ مىڭجىن، سەي دافېڭ، ۋۇ ۋېيخۇا، ياڭ جېنۋۇ رەئىس سەھنىسىنىڭ ئىجرائىيە رەئىسلىرى ئورنىدىن ئورۇن ئالدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەكتەپ تەنتەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، جىسمانىي ساغلاملىقنى تەكشۈرۈش ئەندىزىسى ۋە مەزمۇنىنى ئەلالاشتۇرۇپ، بالدۇر بايقاش، بالدۇر ئارىلىشىش؛ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە باللار، ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ جىسمانىي ساغلاملىق چوڭ سانلىق مەلۇمات سۈپىسى ۋە كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىنى ئېلىش سانلىق مەلۇماتلىرىدىن ئورتاق بەھرىلىنىش سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، باللار، ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىمەن.

ئەزا جوۋ خەنمىن جۇڭگو دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئىشلەپچىقىرىش مۇھىم ئامىللىرىنىڭ مۇۋاپىق يۆتكىلىپ ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك توپلىنىپ، تەسىر كۆرسىتىش، تۈرتكە بولۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، رايونلارنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك ماس تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. سىستېمىلىق پىلانلاپ، مەركىزىي شەھەرلەر قۇرۇلۇشىنىڭ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىشنى «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى يادرولۇق ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى قىلىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، رايونلار ئارا كېڭىشىش ـ ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، مەركىزىي شەھەرلەر چەمبىرىكىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ تەرەققىيات مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، شەھەر ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئەزا لو جىجۈن سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: دۆلەتچى ـ سىرتتىكى يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە، دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى كەسكىن ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى. دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش يېڭى ۋەزىيىتىنى توغرا ئىگىلەپ، كەسىپلەر ئارقىلىق مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، پۈتۈن كەسىپ زەنجىرى بويىچە ماسلىشىپ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش؛ ئىسلاھات ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئادەم كۈچى بايلىقى بازىرى سىستېمىسى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، يېڭى ماھارەت، يېڭى ئىش ئورنى بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇش؛ مۇلازىمەت ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا كاپالەتلىك قىلىپ، يۇقۇمنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان كەسىپلەر، كارخانىلارنى يۆلەش سالمىقىنى زورايتىپ، نامراتلىشىپ كەتكەن، قايتا نامراتلىشىپ كەتكەن دېھقان ئىشلەمچىلەرنى ياردەم بېرىش ـ يۆلەش دائىرىسىگە كىرگۈزۈش كېرەك.

ئەزا جاڭ يۈدۇڭ جۇڭگو دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ھازىر دۆلىتىمىزدە ئومۇمىي خەلقنىڭ كىتاب ئوقۇشى دېگەندەك ئومۇملاشمىدى، شۇنداقلا دېگەندەك چوڭقۇر ئەمەس، قانۇن چىقىرىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ئومۇمىي خەلق كىتاب ئوقۇشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىشنى قانۇنچىللىق كاپالىتىگە ئىگە قىلىش؛ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت يۆنىلىشنى پۇختا ئىگىلەپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېتەكلەپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ كىتاب ئوقۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش؛ نەشرىيات، تاراتقۇ ئاپپاراتلىرىنىڭ پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى، مۇتەخەسسىس، ئالىملار بىلەن قول تۇتۇشۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، مۇنەۋۋەر كىتابلارنى چوڭقۇر چۈشەندۈرۈش، تارقىتىش، كېڭەيتىشنى ياخشى ئىشلەپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ كىتاب ئوقۇش شەكلىنى بېيىتىپ، كىتابخۇمار جۇڭگو قۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىمەن.

ئەزا يەن شياۋپېي جۇڭگو ئادالەتچىلەر پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»دىكى يېڭىلىق يارىتىش ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك يىرىك پىلان تۈزۈپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقىنى «14 ـ بەش يىل»لىق دۆلەت پەن ـ تېخنىكا پىلانىغا كىرگۈزۈپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ھەرىكەت پىلانىنى يولغا قويۇشنى تېزلىتىپ، ئالدىنقى قاتاردىكى ساھەلەرنى كۆزلەپ، تۈزۈم كاپالىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىش ھەمكارلىقىدا پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشقا كۈچ قوشۇش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىمەن.

ئەزا جياڭ زېلىن سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: دۆلىتىمىزنىڭ يېزا كەسىپلىرى يۇغۇرما تەرەققىياتىدا تەدرىجىي يۈزلىنىش كۆرۈلمەكتە، «يېزا ئىگىلىكى +» كۆپ كەسىپ ھالىتىنىڭ يۇغۇرۇلۇشى تېخىمۇ بېيىدى، لېكىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇش ھېلىھەم بەزى مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. بارلىق تىجارەت سۇبيېكتلىرىنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتتا ھوقۇق ـ مەنپەئەتى باراۋەر بولۇش، مەسئۇلىيىتى سىممېترىك بولۇش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورتاق پايدا ئالىدىغان مەنپەئەتنى چېتىش مېخانىزمى ئورنىتىپ، دېھقانلارنىڭ پايدا ئېلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش؛ يەر قاتارلىقلارغا دائىر تەمىنلەش سىياسەتلىرىدىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئامىل چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاش؛ چوڭ تىپتىكى زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنىڭ باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يۇغۇرما ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى كۈچەيتىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە كۈچ قوشۇپ، دېھقانلارنى تېخىمۇ گۈزەل يېڭى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىمەن.

ئەزا لېەن جيېدى تەيۋەن دېموكراتىك ئاپتونومىيە ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ۋەتىنىمىز چوڭ قۇرۇقلۇقى جەمئىي تەستىقلىغان تەيۋەن سودىگەرلىرى مەبلەغ سېلىش تۈرى 100 مىڭدىن ئاشىدىغان بولۇپ، تەيۋەن مەبلىغى كارخانىلىرىدا ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. تەيۋەنگە نەپ يەتكۈزۈشكە ئالاقىدار تەدبىرلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە ئەلالاشتۇرۇپ، تېخىمۇ دەل جايىدا، ئۈنۈملۈك بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، تەيۋەن مەبلىغى كارخانىلىرىنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش، ئادەم ئىشلىتىش قاتارلىق ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىشىغا يەنىمۇ ياردەم بېرىپ، تەيۋەن كارخانىلىرىنى ۋەتەن چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئالاقىدار تەرەققىيات ئىستراتېگىيەلىرىگە سىڭىشىشكە يېتەكلەپ، ئىككى قىرغاقنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، تىنچ بىرلىككە كېلىشنىڭ خەلق رايى ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز پۇختىلاش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىمەن.

ئەزا لىۋ بىڭجياڭ سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: بۇلغىنىشنى دەل جايىدا، ئىلمىي، قانۇن بويىچە تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، كۆك ئاسماننى قوغداش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك. «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندا ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان كەسىپ قۇرۇلمىسىدا بىر تەرەپكە ئېغىش ۋە جايلىشىش قالايمىقان بولۇش، ئېنېرگىيە قۇرۇلمىسىدا كۆمۈرگە بەكرەك تايىنىپ قېلىش، قاتناش ـ ترانسپورت قۇرۇلمىسىدا تاشيولغا بەكرەك تايىنىپ قېلىش قاتارلىق يادرولۇق مەسىلىلەرگە قارىتا، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەدبىر قوللىنىش، چاڭجياڭ دېلتىسى، جۇجياڭ دېلتىسى، بېيجىڭ ـ تيەنجىن ـ خېبېي رايونىدىكى نۇقتىلىق كەسىپلەرنىڭ مەركەزلىشىش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈچ چوڭ رايوننىڭ كۆمۈر ئىستېمال ئومۇمىي مىقدارىنى كونترول قىلىشنى يولغا قويۇپ، تۆمۈريولدا يۈك توشۇش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، يېقىلغۇدىن بۇلغىما قويۇپ بېرىش مىقدارىنى مەنبەدىن ئازايتىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىمەن.

ئەزا جياڭ يىڭ پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار ساھەسىگە ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارغا ئېلىپ كەلگەن خىرىسى مىسلىسىز بولدى، ھۆكۈمەت تۈرلۈك سىياسەت تەدبىرلەرنى چىقاردى. كېيىنكى باسقۇچتا كارخانىلارغا قارىتىلغان ياردەم بېرىش ـ يۆلەشتە تۆۋەن چەك تەپەككۈرى بولۇشى، «تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش» زۆرۈر بولغاندا «تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش» كېرەك، «كارخانىلارغا كاپالەتلىك قىلغان»دىلا، ئاندىن «ئىشقا ئورۇنلىشىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ»؛ سۈپا تەپەككۇرىغا ئىگە بولۇپ، ھۆكۈمەت باشلامچى كارخانىلار بىلەن بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ، كەسىپ زەنجىرى ۋە ئېكولوگىيە چەمبىرىكىنى مەدەت بىلەن تەمىنلىشى كېرەك؛ يېڭىلىق يارىتىش تەپەككۇرىغا ئىگە بولۇپ، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنى ھەمكارلىشىپ «رەقەملىك بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش»نى بەرپا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، كارخانىلارنى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىش كېرەك.

ئەزا خې دىڭيى سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ئاۋمېن ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەن 20 يىلدىن بۇيان، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئاۋمېن ئالاھىدىلىكى، ئاۋمېن يارقىن نۇقتىسى، ئاۋمېن تەجرىبىسى»نى ياراتتى. «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» تۈزۈم ئىشەنچىدە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئەتىنى قوغداش بىلەن ئاۋمېننىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك گۈللىنىشى، مۇقىملىقىنى قوغداشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەن بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇپ، يېڭى دەۋردە ئاۋمېنچە «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

ئەزا شياۋ رەن سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش تۇسۇپ زەربە بېرىش جېڭى مىللىي روھنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئەڭ جانلىق شەرھلىنىشى. ۋەتەنپەرۋەرلىك يادرو قىلىنغان مىللىي روھنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى مىللىي روھنى تارىخىي خاتىرىلەش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، يېڭى دەۋردىكى مىللىي روھنى ئاساس قىلغان مەدەنىيەت ئىشەنچىنى يېتىلدۈرۈپ ۋە چىڭىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش سىمفونىيەسىنىڭ شانلىق سەھىپىسىنى يېزىش كېرەك.

يىغىنغا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى گۇ شېڭزۇ رىياسەتچىلىك قىلدى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن جاڭ چىڭلى، لىۋ چىاۋ، ۋەن گاڭ، خې خوۋخۇا، لۇ جەنگۇڭ، ۋاڭ جېڭۋېي، ما بياۋ، چېن شياۋگۇاڭ، لياڭ جېنيىڭ، ياڭ چۈەنتاڭ، لى بىن، باتېر، ۋاڭ يۇڭچىڭ، خې لىفېڭ، سۇ خۇي، جېڭ جيەنباڭ، لىۋ شىنچېڭ، خې ۋېي، شاۋ خۇڭ، گاۋ يۈنلۇڭ يىغىنغا قاتناشتى.